# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
5
پەيشەنبە
维吾尔文 9月5日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57    ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com    24809 - سان    بۈگۈن 4 بەت


## مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مەنىۋى ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەش

### — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، غەمخورلۇق قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

☐شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لو جېڭگۇاڭ، شيۇڭ فېڭ، ۋاڭ سىبېي

ئۇلۇغ دەۋر ئۇلۇغ روھنى چاقىردۇ، ئالىيجاناب ئىشلار ئۈلگىنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىدىن ئۆگىنىش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

## خەلقئارا تارقىتىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ دۇنياغا يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونى تېخىمۇ ياخشى تونۇشتۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، خەلقئارا تارقىتىش بىرىنچى سېپىدە تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى بارلىق كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن، جۇڭگونىڭ خەلقئارا تارقىتىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن، قوللىغان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە دوستلاردىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنداق كۆرسەتتى: 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى سىرتقا قارىتا جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىق قىلىپ تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ دوستلۇق ئالماشتۇرۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش، جۇڭگو ساداسىنى ياخشى تارقىتىشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى ۋەزىيەتتە، جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈنسېرى قويۇقلاشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### تەبرىك خېتى

جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، مەن تەنتەنىلىك بىلەن سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! خەلقئارا تارقىتىش بىرىنچى سېپىدە تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى بارلىق كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە، جۇڭگونىڭ خەلقئارا تارقىتىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن، قوللىغان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە دوستلارغا سەممىي سالام يوللايمەن!

70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى سىرتقا قارىتا جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىق قىلىپ، تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگو - چەت ئەل دوستلۇق ئالماشتۇرۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش، جۇڭگو ساداسىنى ياخشى تارقىتىشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. يېڭى ۋەزىيەتتە، جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈنسېرى قويۇقلاشتى. جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، دەۋر چوڭ يۈزلىنىشىنى ئىگىلەپ، ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، توغرا يولنى ساقلاپ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇغۇرما تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، خەلقئارا تارقىتىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، قۇدرەتلىك ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچكە ئىگە خەلقئارا تارقىتىش ئاپپاراتى قۇرۇپ، دۇنياغا يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونى تېخىمۇ ياخشى تونۇشتۇرۇپ، ھەقىقىي، ئىستېرېئولۇق، ئومۇمىيۈزلۈك جۇڭگونى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىپ، جۇڭگونىڭ دۇنيانى، دۇنيانىڭ جۇڭگونى چۈشىنىشى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**شى جىنپىڭ**

2019 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2016 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بېسىپ تارقاتقان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى» پارتىيەنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى تۈزۈم مىزانى بىلەن تەمىنلەپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جەزمەن جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرگەندە جەزمەن قاتتىق بولۇشنى دائىملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆتكۈر قوراللىق رولىنى جارى قىلدۇردى. يېڭى ۋەزىيەت، ۋەزىپە ۋە تەلەپكە ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «نىزام»غا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## كۆرەش قىلىش يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەپ، كۆرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرايلى

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلار كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐**خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۆرەش ئېلىپ بېرىشتا، ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، نېمە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، كۈندىن - كۈنگە مۇرەككەپلىشىۋاتقان كۆرەشتە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا، نىشاندىن ئادىشىپ قېلىشقا بولمايدۇ.

2019 - يىلى كۈز مەۋسۇملۇق مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى، بايراق - يولغا مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىلەرنى چوڭقۇر شەرھلەپ، نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە بىز دۇچ كېلىدىغان كۆرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، كەڭ كادىرلار، بولۇپمۇ ياش كادىرلارنىڭ يېڭى دەۋردە كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشىغا،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### چېن چۇەنگو ئاپتونوم رايوندىكى قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىدىغان 13 نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

## باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش كېرەك

### شۆھرەت زاكىر قاتناشتى   لى پېڭشىن رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۆك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىدىغان 13 نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىدىغان نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىدىغان 13 نامرات ناھىيەنىڭ «قايتا قاراپ چىقىش» ئەھۋالى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### شۆھرەت زاكىر قەشقەر، ئاقسۇدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## دىققەتنى نىشان، ئۆلچەمگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، قىيىن ئۆتكەلنىڭ ئەڭ قىيىنىنى يېڭىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيەسى ۋە مارالبېشى ناھىيەسىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## نىڭبو شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

### چېن چۇەنگو، جېڭ شەنجيې، شۆھرەت زاكىر، لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۆك، ۋاڭ شىڭرۇي، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نىڭبو شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جېڭ شەنجيې نىڭبو شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇ دۇللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن قاتارلىقلار پائالىيەتكە قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون نىڭبو شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئۈرۈمچىدە خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. چېن چۇەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن نىڭبو شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جېجياڭ ئۆلكىسى ۋە نىڭبو شەھىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەنلىكى ۋە خالىس ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تارقىتۇلىرى سېپى

新疆日报网
天山网 APP
新疆头条 APP
微信公众号





**9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، تۇنجى قېتىملىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت ماللىرى لىققىدە قاچىلانغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن يولغا چىقىشقا تەييارلانماقتا.**

☐مۇخبىرىمىز چېن مىيخۇا فوتوسى

## جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت ماللىرى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا «غەربكە يول ئالدى»

مۇخبىرلىرىمىز **چېن چياڭۋېي، لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۆرۈك مۇراببا‌سى قاچىلانغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن يولغا چىقىپ، ئالاتاۋ ئارقىلىق چېگرادىن چىقىپ، رۇسىيە پايتەختى موسكۋاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئېكسپورت ماللىرىنىڭ تۇنجى قېتىم جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى «چوڭ ئائىلىسى»گە كىرگۈزۈلۈشى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلار مەھسۇلاتىنىڭ «غەربكە يول ئېلىش»ىغا يەنە بىر قولايلىق يول ئاچتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)